# سودا ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغۇچى يوق

## ــــ ھەرقايسى تەرەپلەر ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان تاموژنا بېجىنى ئۆستۈرۈش تەدبىرىگە قارشى تۇردى

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

ئامېرىكا تەرەپ يېقىندا جۇڭگونىڭ ئامېرىكىغا چىقارغان 200 مىليارد دوللارلىق تاۋارلىرىدىن قوشۇپ ئېلىنىدىغان تاموژنا بېجىنى 10%تىن 25%كە ئۆستۈردى. ئامېرىكىنىڭ بۇ يەككە تەرەپچىللىك ھەرىكىتىگە قارىتا، ھەرقايسى تەرەپلەر ئومۇميۈزلۈك مۇنداق قارىدى: تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىش مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرەلمەيدۇ، بۇ، ئامېرىكا ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت ئىقتىسادىغا زىيان يەتكۈزۈپلا قالماي، يەنە دۇنيا ئىقتىسادىغىمۇ سەلبىي تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ.

ئامېرىكا مەملىكەتلىك پارچە سېتىش سودىگەرلىرى بىرلەشمىسى، ئۇچۇر ـ تېخنىكا كەسپىي جەمئىيىتى، خىمىيە كومىتېتى، سېرىق پۇرچاق جەمئىيىتى قاتارلىق كۆپلىگەن ساھە، جەمئىيەتلىرى يېقىندا بەس ـ بەستە بايانات ئېلان قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونىڭ ئامېرىكىغا چىقارغان تاۋارلىرىدىن ئېلىنىدىغان تاموژنا بېجىنى يەنىمۇ ئۆستۈرگەنلىكىگە قارشى تۇردى.

ئامېرىكا مەملىكەتلىك پارچە سېتىش سودىگەرلىرى بىرلەشمىسىنىڭ ئالىي مۇئاۋىن بىرلەشمە باشلىقى داۋىد فرېنچ مۇنداق دېدى: ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تاموژنا بېجىنى ئۆستۈرۈشنى تۈيۈقسىز جاكارلىشى ئامېرىكا كارخانىلىرىنىڭ تىجارىتىنى، بولۇپمۇ بايلىقى چەكلىك بولۇش تۈپەيلىدىن تاموژنا بېجى بېسىمىنى يېنىكلىتىشى قىيىن بولغان ئاشۇ كىچىك كارخانىلارنىڭ تىجارىتىنى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

فرېنچ مۇنداق تەكىتلىدى: «تاموژنا بېجى ئامېرىكا كارخانىلىرى ۋە ئىستېمالچىلار تاپشۇرىدىغان باج پۇلى، ھەرگىزمۇ جۇڭگو تاپشۇرىدىغان باج پۇلى ئەمەس.»

نيۇيورك قوشما ئىشتات زاپاس بانكىسى يېقىندا ئېلان قىلغان بىر تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكا بۇلتۇر پولات، ئاليۇمىن مەھسۇلاتلىرى ۋە جۇڭگو تاۋارلىرىدىن تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىپ، بۇلتۇر ئامېرىكىنىڭ ئىستېمال باھاسى كۆرسەتكۈچىنىڭ 0.3 پىرسەنت پوئېنت ئۆرلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

فرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ دۇنيا سودا مەسلىھەت بېرىش شىركىتىنىڭ تەتقىقاتىدىن نەقىل كەلتۈرگەن خەۋىرىدە مۇنداق دېيىلدى: تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىپ باج نىسبىتىنى 25%كە ئۆستۈرۈش ئامېرىكىدا بىر ئائىلىدىكى تۆت جاننىڭ ھەر يىللىق چىقىمىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 767 دوللار كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ھەم 1 مىليونغا يېقىن ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىگە تەھدىت سالىدۇ.

رېيتېر ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، جۇڭگونىڭ ئامېرىكىغا چىقارغان 200 مىليارد دوللارلىق تاۋارلىرى ئىچىدە مودېم، روتېر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سانلىق مەلۇماتلارنى يەتكۈزۈش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ئەڭ زور بولۇپ، ئومۇمىي سوممىسى 20 مىليارد دوللاردىن ئاشىدىكەن. ئامېرىكا ئىستېمال تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى گارىي شاپىرو مۇنداق بىلدۈردى: «ئىستېمال پەن ـ تېخنىكا كەسپلىرى ئامېرىكىدىكى 18 مىليوندىن ئارتۇق ئىش ئورنىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ، تاموژنا بېجى قوشۇپ ئېلىشنىڭ ئاقىۋىتى ئاپەت خاراكتېرلىك بولىدۇ».

جۇڭگونىڭ ئامېرىكا سېرىق پۇرچىقىنىڭ مۇھىم ئىستېمال بازىرى ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئامېرىكىدىكى سېرىق پۇرچاق تېرىغۇچى دېھقانلارمۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ يېڭى تاموژنا بېجى تەدبىرىدىن ئۈمىدسىزلەندى. ئامېرىكا سېرىق پۇرچاق ئېكسپورت جەمئىيىتىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى جىم سۇتتېر مۇنداق دېدى: بۇ تاموژنا باجلىرى ھەمدە ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلالماسلىق تۈپەيلىدىن جۇڭگو تەرەپنىڭ ئامېرىكا مەھسۇلاتلىرىدىن چەكلەش خاراكتېرىدە تاموژنا بېجى ئېلىشى ئامېرىكا دېھقانلىرىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ، «ئۇلارنىڭ بازار ئېنىقسىزلىقىدا تىركىشىۋاتقىنىغا بىر يىل بولدى».

يالغۇز سېرىق پۇرچاق تېرىيدىغان دېھقانلارلا ئەمەس، باشقا ئادەتتىكى ئىستېمال بۇيۇملىرى ساھەلىرىمۇ تاموژنا بېجىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرايدۇ. ئامېرىكا برۇكلىن ۋېلسىپىت شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى رىيان زاگتا مۇنداق بىلدۈردى: تاموژنا بېجىنىڭ 10%لىك ئېشىش نىسبىتىلا ساھەلەرنى قىيىن ئەھۋالغا قويغانىدى، تاموژنا بېجىنىڭ 25%لىك ئېشىش نىسبىتى بازارغا مۆلچەرلىگۈسىز تەسىر ئېلىپ كېلىپ، ساھەلەرنىڭ ئويۇن قائىدىسىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

ساھە سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىدا ھەر يىلى سېتىلىدىغان 18 مىليون ۋېلسىپىتنىڭ 90%ى جۇڭگودىن كىرگۈزۈلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئامېرىكا ھەر يىلى يەنە جۇڭگودىن 300 نەچچە مىليون دوللار قىممىتىدە زاپچاس ئىمپورت قىلىدىكەن. جۇڭگونىڭ ئورنىنى باسالايدىغان بۇنداق مەنبەنى تاپماق ناھايىتى قىيىن بولغاچقا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ «تاموژنا بېجى ئوقى» ھەقىقىي تۈردە ئۆز ئادەملىرىگە قارىتىپ ئېتىلىدۇ.

ئامېرىكا ئاپتوموبىل تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى كرىستىن چىتچىك مۇنداق بىلدۈردى: جۇڭگودىن ئىمپورت قىلىنغان ئاپتوموبىل زاپچاسلىرىدىن تاموژنا بېجى قوشۇپ ئېلىنسا، ئامېرىكىدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ھەربىر ئاپتوموبىلنىڭ تەننەرخىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تەخمىنەن 190 دوللار قوشۇلىدۇ، ئەمما زور كۆپ قىسىم قوشۇلغان تەننەرخنى ئىستېمالچىلار ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتوموبىل سودىگەرلىرى تەننەرخ ئۆرلىگەنلىكتىن باھانى ئۆستۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ سېتىش مىقدارىمۇ تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكىنىڭ تاموژنا بېجىنى ئۆستۈرۈش تەدبىرى ئامېرىكا ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت ئىقتىسادىغا زىيان يەتكۈزۈپلا قالماستىن، يەنە پۈتۈن يەر شارىدا زەنجىرسىمان تەسىر پەيدا قىلىدۇ. گېرمانىيە ماشىنىسازلىق ئۈسكۈنىلىرى ياسىمىچىلىقى بىرلەشمىسىنىڭ تاشقى سودا ئىشلىرى مەسئۇلى ئۇلرىچ ئاكمان مۇنداق دېدى: جۇڭگونىڭ سودا ھەمراھلىرى ئوخشاشلا ئەنسىزلىك ھېس قىلىدۇ، ياۋروپا ماشىنىسازلىق ئۈسكۈنىلىرى ياسىمىچىلىقىمۇ ئامېرىكىنىڭ تاموژنا بېجىنى ئۆستۈرۈشىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرايدۇ.

ئاۋستىرالىيە 9 ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىكى خەۋىرىدىمۇ مۇنداق دېيىلدى: «تارىخىي تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، سودا ئۇرۇشىدا ھەقىقىي غەلىبە قىلغۇچى يوق.» خەۋەردە مۇنداق دېيىلدى: ئامېرىكىنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلى سودا ئۇرۇشى قوزغىغانغا باراۋەر بولۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىغا ئاپەت خاراكتېرلىك تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

**(قاتناشقان مۇخبىرلار: خۇ شياۋبىڭ، چېن يۇ، ۋاڭ زىچياۋ)**
**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا سودا بانكىلىرى ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتى تۆۋەنلىتىپ قويۇپ بېرىلگەن 3 مىليارد يۈەن مەبلەغدىن نەپ ئالدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش بانكىنىڭ مەركىزىي بانكىغا ئاز ئامانەت قويۇپ، تېخىمۇ كۆپ مەبلەغنى ئەمەلىي ئىقتىسادقا قەرز پۇل بېرىشكە ئىشلىتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىلگىرىكى ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتىنى نىشانلىق تۆۋەنلىتىشكە سېلىشتۇرغاندا، بۇ قېتىمقى ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش ئوبيېكتى ناھىيەلەرگە مۇلازىمەت قىلىدىغان يېزا سودا بانكىلىرى بولۇپ، قويۇپ بەرگەن مەبلەغنىڭ ھەممىسى پۇقراۋى ۋە كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارغا قەرز بېرىشكە ئىشلىتىلىپ، پۇل مۇئامىلىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىسادنى قوللىشىنىڭ يەنىمۇ دەل جايىدا بولۇشىنى ئاشۇرىدۇ.

شىنجاڭدىكى 90%كە يېقىن يېزا سودا بانكىلىرى ناھىيەلەرگە مۇلازىمەت قىلىدىغان ئوتتۇرا، كىچىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى. بۇ قېتىمقى ناھىيەلەرگە مۇلازىمەت قىلىدىغان پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ خەلق پۇلى ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش شىنجاڭدىكى يېزا سودا بانكىلىرىنىڭ پۇقراۋى ۋە كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ قېتىمقى ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتى چىقىرىلىشتىن ئىلگىرى، يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپراتىپلىرى قاتارلىقلار بىر دەرىجە تۆۋەن بولغان ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتىنى ئىجرا قىلغان بولۇپ، قىسمەن يېزا سودا بانكىلىرى پاي تۈزۈمىدىكى سودا بانكىلىرى بىلەن ئوخشاش بولغان ئوتتۇراھال دەرىجىدىكى ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتىنى ئىجرا قىلغان، يەنە بىر قىسىم يېزا سودا بانكىلىرى ئوتتۇرا دەرىجىدىن بىرئاز تۆۋەن بولغان ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتىنى ئىجرا قىلغان. بۇ قېتىمقى تەڭشەشتىن كېيىن، ناھىيەلەرگە مۇلازىمەت قىلىدىغان يېزا سودا بانكىلىرى بىلەن يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپراتىپلىرى ئوخشاش بىر دەرىجىدىكى ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتىنى ئىجرا قىلىدىكەن، بۇنىڭ بىلەن ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتىنىڭ دەرىجىسى ئاددىيلىشىدىكەن، بۇ ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى تۈزۈمىنىڭ تېخىمۇ ئېنىق، ئاددىي ئاساسىي رامكىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە پايدىلىق ئىكەن.

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق بىر تۈركۈم دېلونى مۇۋەپپەقىيەتلىك پاش قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى دېڭ X X باشچىلىقىدىكى قارا جەمئىيەت تۈسىنى ئالغان تەشكىلات جىنايىتىگە چېتىشلىق دېلونى تەھقىقلەپ بېجىردى. بۇ شايكا ئاساسىي قاتلامنىڭ سايلىمىغا كاشىلا قىلغان، بۇزغۇنچىلىق قىلغان، كوللېكتىپنىڭ يېرىنى ۋە شېغىل مەيدانىنى ئىگىلىۋېلىش ئارقىلىق قانۇنسىز پايدا ئالغان، يەنە ئۆكتەملىك قىلىپ جاتاق چىقىرىش، سودىدا زورلۇق قىلىش، توپلىشىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلىرىمۇ مەۋجۇت. بۇ شايكىنىڭ قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئېلىشقا ياردەم بەرگەن ھەم ئۆز كۈمچىگە چوغ تارتقان بىرقانچە ھۆكۈمەت خادىمىمۇ پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، مەمۇرىي جازاغا تارتىلدى، قانۇنغا خىلاپ جىنايەتكە چېتىشلىق مەسىلىسى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى يېقىندا يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى جاڭ X X باشچىلىقىدىكى قارا جەمئىيەت تۈسىنى ئالغان تەشكىلات جىنايىتىگە چېتىشلىق دېلونى تەھقىقلەپ بېجىردى. بۇ شايكا جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم بىكارچىلارنى توپلاپ، يەنجى ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا قىمارخانا ئېچىش، قاقتى ـ سوقتى قىلىش، سودىدا زورلۇق قىلىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارنى سادىر قىلغان، بۇ شايكىغا «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» بولغان مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمەت خادىملىرى پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، مەمۇرىي جازاغا تارتىلدى، قانۇنغا خىلاپ جىنايەتكە چېتىشلىق مەسىلىسى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

ئالتاي ۋىلايىتىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى جۇX X ، ماۋ X X باشچىلىقىدىكى قارا جەمئىيەت تۈسىنى ئالغان تەشكىلات جىنايىتىگە چېتىشلىق دېلونى تەھقىقلەپ بېجىردى. بۇ شايكا ئالتاي شەھىرىدە قىمارخانا ئېچىش، ئۆكتەملىك قىلىپ جاتاق چىقىرىش، قانۇنسىز كان ئېچىش، توپلىشىپ ئۇرۇشۇپ يارىلاندۇرۇش، قانۇنسىز قاماپ قويۇش قاتارلىق جىنايى قىلمىشلارنى سادىر قىلغان.

خوتەن ۋىلايىتىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى يى X X باشچىلىقىدىكى قارا جەمئىيەت تۈسىنى ئالغان تەشكىلات جىنايىتىگە چېتىشلىق دېلونى تەھقىقلەپ بېجىردى. بۇ شايكا ئۆكتەملىك قىلىپ جاتاق چىقىرىش، قەستەن زەخىملەندۈرۈش، توپلىشىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش، قاقتى ـ سوقتى قىلىشتەك قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارنى سادىر قىلغان، بۇ دېلوغا چېتىشلىق مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمەت خادىملىرى پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، مەمۇرىي جازاغا تارتىلدى، قانۇنغا خىلاپ جىنايەتكە چېتىشلىق مەسىلىسى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى كەنت زومىگەرى، سىرتماق قەرز ھەمدە شەھۋانىيلىك، قىمارۋازلىق، زەھەركەشلىك قاتارلىق تۈرلۈك جەمئىيەت ئامانلىقىدىكى قالايمىقان نۇقتىلار، قالايمىقان ھادىسىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايەت يىپ ئۇچلىرىنى كەڭ كۆلەمدە رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دەرىجىگە ئايرىپ، سىستېمىغا ئايرىپ، كەسىپكە ئايرىپ، ساھەلەرگە ئايرىپ قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق يىپ ئۇچلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش خىزمىتى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، تۈرلۈك قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق مەسىلە يىپ ئۇچلىرىنى ئېنىق تەكشۈرۈپ، تولۇق قېزىپ، ھەقىقىي ئېنىقلاشنى ئىشقا ئاشۇردى.

قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپ جىنايەتتە ئىپادىلەنگەن يوشۇرۇن بولۇش، يۇمشاق زوراۋانلىق قىلىش قاتارلىق يېڭى ئالاھىدىلىكلەرگە قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى دېلولارغا مەخسۇس تۈر بويىچە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، دىققەتنى نۇقتىلىق رايون، كەسىپ، ساھەلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، مەخسۇس دېلوغا يېتەكچىلىك قىلىش، ۋەزىپە نازارەت قىلىپ بېجىرىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئامما دىققەت قىلىش دەرىجىسى يۇقىرى، جەمئىيەتتە تەسىرى قەبىھ بولغان قارا، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق نۇرغۇن دېلوغا قارىتا، پۈتۈن جەريانلىق قوماندانلىق قىلىپ، كۆپ تارماق بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ، باشقا جايلاردىن ساقچى يۆتكەپ ئىشلىتىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرگە قانۇن بويىچە قەتئىي زەربە بەردى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى يەنە قارا، رەزىل كۈچلەر جىنايىتىگە زەربە بېرىش بىلەن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، ئاساسىي قاتلامدىكى «چۈشەنگە زەربە بېرىش»نى تەڭ ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئورتاق ئالغا سىلجىتىپ، كۈچلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ ئارقىسىدىكى چىرىكلىك مەسىلىسىنى چوڭقۇر قېزىشى، ئۇزۇل ـ كېسىل تەكشۈرۈشىگە پائال ماسلىشىپ، مۇناسىۋەت تورىنى قەتئىي بۇزۇپ تاشلاپ، «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»نى يوقىتىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ ئاساسىنى تەلتۆكۈس يىتچىت قىلىش جەھەتتە ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ، قاتتىق مۇشت ئاتتى.

## ئانلار بايرىمىغا كۆڭۈل بۆلەيلى




5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگۇ رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ شىنچېڭ مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى مەھەللە بىلەن بىرلىشىپ «ئانىلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش» باش تېما پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تەۋەلىكىدىكى ئانىلارغا بايراملىق بەخت تىلىدى.

□مۇخبىرىمىز ۋاڭ جېن فوتوسى

# ئانلار بايرىمى گۈل بازىرىنى قىزىتتى

مۇخبىرىمىز يى شياۋمىن خەۋەر قىلىدۇ: «ئانا، ئانلار بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!» 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىسى جاڭ يوۋتوۇك مۇددەتتىن بۇرۇن ئانىسىغا بىر دەستە چىننىگۈلنى سوۋغا قىلىپ، ئانلار بايرىمىنى تەبرىكلىدى. جاڭ يوۋتوۇڭنىڭ ئانىسى سوۋغىنى خۇشال قوبۇل قىلىپ، ئوغلىنى باغرىغا باستى.

بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئانلار بايرىمى، بايرامنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مىڭجۇ گۈل ـ گىياھ بازىرى، شىنلىيەن گۈل ـ گىياھ بازىرى قاتارلىق بازارلار ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ كەتتى، يېڭى گۈل رايونىنىڭ سودىسى قىزىپ كەتتى. مۇخبىر زىيارەت داۋامىدا، گۈل باھاسىنىڭ سەل ئۆرلەپ قالغانلىقىنى، ئەمما شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ سېتىۋېلىش قىزغىنلىقىنىڭ سۇسلاپ قالمىغانلىقىنى، گۈلنىڭ سېتىلىش مىقدارىنىڭ ئىلگىرىكىدىن بىر ھەسسە ئاشقانلىقىنى بايقىدى.

«بۇ بىر باغلام چىننىگۈلنىڭ باھاسى 45 يۈەن.» مىڭجۇ گۈل ـ گىياھ بازىرى گۈلدەستە پارچە سېتىش رايونىدىكى سودىگەر جاڭ شياۋلى گۈل تىزغاچ خېرىدارلارغا تونۇشتۇردى. شۇ كۈنى سائەت 11دە، بازارغا گۈل سېتىۋالغىلى كەلگەن شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن بولۇپ، چىننىگۈل، گۈلسامساق، ئەترگۈل قاتارلىقلارنى ئەڭ كۆپ سېتىۋالدى.

«بۇ ئىككى يىلدا كۆپچىلىك ئانلار بايرىمىغا بارغانسېرى ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى، گۈل سوۋغا قىلىش بايرامدا ئانلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى بولۇپ قالدى. ئانا بولغان خىزمەتچىلەرگە سوۋغا قىلىش ئۈچۈن، بۈگۈن 1000 نەچچە يۈەنلىك گۈل سېتىۋالدىم» دېدى ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىسى ۋاڭ شىنتۇڭ مۇخبىرغا.

گۈل ـ گىياھنى توپ سېتىشنى ئاساس قىلغان نۇرغۇن گۈل دۇكىنى ئىگىلىرى: «چىننىگۈل ئەڭ ياخشى سېتىلدى.» دېدى. ئانلار بايرىمىدىن بۇرۇن سورتى ياخشى چىننىگۈلنى زاكاز قىلىش ئۈچۈن، دېيلىيەنخۇا گۈلچىلىك دۇكىنىنىڭ ئىگىسى ۋۇ جيەنخۇڭ يېرىم ئاينىڭ ئالدىدا كۈنمىڭغا بېرىپ 8000 باغلام ھەرخىل رەڭدىكى چىننىگۈل زاكاز قىلىپ كەلگەنىدى. ۋۇ جيەنخۇڭ مۇنداق دېدى: «بىر ھەپتە ئىلگىرى، چىننىگۈلنىڭ سېتىلىش مىقدارى ئېشىشقا باشلىدى، بۈگۈنگە قەدەر، دۇكاندا پەقەت مۇشۇ 100 باغلام چىننىگۈللا قالدى، سېتىپ بولسام يەنە مال تولۇقلاپ، خېرىدارلارنىڭ زاكاز ئېھتىياجىنى قاندۇرىمەن».

شىنجاڭ مىڭجۇ گۈلچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتور ياردەمچىسى ۋاڭ رۇيجىيې مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: بازارغا كۈندە كۈنمىڭدىن يېڭى گۈللەر توشۇپ كېلىنىپ، بازارنى گۈل بىلەن تەمىنلەشكە ۋە باھانىڭ مۇقىملىقىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىندى. نۆۋەتتە، گۈل باھاسىنىڭ بايرامنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ سەل ئۆرلەپ قېلىشىغا مال مەنبەسى باھاسىنىڭ ئۆرلەپ قالغانلىقى سەۋەب بولدى. ھەر كۈنى بازارغا گۈل سېتىۋېلىشقا كەلگەن ئاپتوموبىل 2000دىن ئاشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: تۆت بەتلىك 0.5 يۈەن، سەككىز بەتلىك بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)